# ئايال كىشىنىڭ باشقا بىر ئايالنىڭ چىرايلىق

# هۆسنى ـ جامالىنى يولدىشىغا سۆزلەپ

# بېرىشىنىڭ مەنئى قىلىنىشى

[ئۇيغۇرچە]

النهي عن ذكر محاسن إمرأة أخرى عند زوجها

[باللغة الأويغورية]


مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد
المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربانجان ئابدۇلكەرىم

المترجم: قربان جان عبد الكريم

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات
ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة
بمدينة الرياض

1430 – 2009

islamhouse.com

# ئايال كىشىنىڭ باشقا بىر ئايالنىڭ چىرايلىق ھۆسنى ـ جامالىنى

# يولدىشىغا سۆزلەپ بېرىشىنىڭ مەنئى قىلىنىشى

50526ـ نومۇرلۇق سوئال

سۇئال :

ئايال كىشى باشقا بىر ئايالنىڭ چىرايلىق ھۆسنى ـ جامالىنى يولدىشىغا سۆزلەپ بېرىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس كەلگەنمۇ؟

جاۋاپ :

پۈتۈن ھەمدۇـسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

بۇ توغرىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (ئۇ كىشىدىن ئاللاھ رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى باشقا بىر ئايالنىڭ يالىڭاچ ھالىتىدە كۆرمەسلىكى،بىر ئايال يەنە بىر ئايالنىڭ بەدىنىنى تۇتماسلىقى، يولدىشىغا ئۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكىنى سۆزلەپ بەرمەسلىكى، ئەگەر ئۇنداق قىلسا خۇددى ئېرى ئۇ ئايالغا قارىغاندەك گۇناھكار بولىدۇ». بۇ ھەدىسنى بۇخارى رىۋايەت قىلغان 5240 ـ ھەدىس.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر، ئەلقابىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: "بۇ مەسىلىدىكى توسۇشنىڭ ھېكمىتى سۈپەتلەنگۈچى ئايالنىڭ ھۆسنى ـ جامالى ئەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قېلىپ، سۈپەتلەنگۈچى توغرىسىدا قالايمىقان خىياللاردا بولۇپ، سۈپەتلەپ بەرگۈچى ئايالنىڭ

تالىقىنى بېرىشكە سەۋەپ بولىشى مۇمكىن". شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق قىلمىشلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

پەتھۇلبارى 9- توم 338 -بەتتە مۇنداق بىر ھەدىس زىكىر قىلىنغان:« ھەرقانداق بىر ئايال يەنە بىر ئايالنىڭ بەدىنىنى تۇتمىسۇن» دېگەن .

بەدىنى تۇتۇش ئارقىلىق يەنە بىر ئايالنىڭ تېرىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئەگەر تىرە - تېرىگە سۈركەلسە بەدەنىنىڭ يۇمشاق ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئايال كىشى ئۈچۈن باشقا بىر ئايالنىڭ بەدىنىگە قارىشى دۇرۇستۇر، لېكىن ئەر كىشىنىڭ نامەھرەم ئايالغا قارىشى چەكلىنىدۇ.